# يارمەھەللە كەنتىنىڭ بەختلىك بىر يىلى

(بېشى 1 - بەتتە)

خۇددى بۇ كەنتنىڭ 1 - شۇجىسى كوۋ شيەنمىن ئېيتقاندەك، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بىلەن يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۇرۇشنى ئۈنۈملۈك جىپسلاشتۇرۇشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش جەريانىدا، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ ئۈمىدكە تولدى، نامرات ئاممىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى تېخىمۇ كۈچەيدى.

### كەسپلەر تېخىمۇ ئەلالاشتى  كىرىم تېخىمۇ كۆپەيدى

4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئەتىگەندىلا، كەنت ئاھالىسى مۇسا مەتتۇرسۇن ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان مايسا يېتىشتۈرۈش پارنىكىغا كىلىپ، سەبدەرگۈل مايسىسىنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىنى كۆزەتتى. ياپپېشىل گۈل مايسىلىرىنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالى كىشىنى خۇشال قىلاتتى، مۇسا بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى.

«بۇلتۇر 12 - ئايدىن باشلاپ ھازىرغىچە 4500 يۈەن كىرىم قىلدىم، پۈتۈن يىللىق كىرىمىمنىڭ 20 مىڭ يۈەنگە يېتىشىدە گەپ يوق» دېدى مۇسا خۇشال ھالدا.

ياغاچ ئۆستۈرۈش ئاساس قىلىنىدىغان يارمەھەللە كەنتىدە، سەبدەرگۈل پۈتۈن كەنتنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە يېتەكلەيدىغان كېيىنكى قەدەمدىكى بىر يېڭى كەسىپكە ئايلىنىدۇ. مۇسانىڭ خىزمىتى دەل پارنىكتا پۈتۈن كەنت ئۈچۈن سەبدەرگۈل مايسىسى يېتىشتۈرۈش بولۇپ، بۇ، پۈتۈن كەنتنىڭ سەبدەرگۈل كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىدىكى باشلىنىش نۇقتىسى ئىدى.

يارمەھەللە كەنتىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس كادىرى ملى جىڭلىي مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ يىل، كەنت يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ، 600 مودىن ئارتۇق يەرگە سەبدەرگۈل تېرىشنى ھەم شۇ جايدىكى كارخانىلار بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ئارقىلىق كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشنى پىلانلىدى.

«بۇرۇن مەن تېرىش تېخنىكىسىنى بىلمەيتتىم، لېكىن ھازىر بۇ جەھەتتە قىينالمايدىغان بولدۇم.» مۇسا مۇنداق دېدى: سەبدەرگۈل مايسىسىنى يېتىشتۈرۈش مەزگىلىدە، يېزا تېخنىك خادىملارنى ئىشىك ئالدىغا بېرىپ يېتەكچىلىك قىلىشقا مەخسۇس ئەۋەتتى.

نۆۋەتتە، كەنتتىكى يەتتە پارنىكنىڭ ھەممىسىدە سەبدەرگۈل مايسىسى يېتىشتۈرۈلدى، بۇ، بۇ كەنت ۋە ئەتراپتىكى كەنتلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ، كەنتتىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش بىلەن بىللە، يەنە بۇ رايوننىڭ سەبدەرگۈل كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ئۈچۈن ئاساس سالدى.

ياغاچ يارمەھەللە كەنتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى تۈۋرۈك كەسىپ بولۇپ، قانداق قىلغاندا تېخىمۇ ياخشى ئۆستۈرگىلى بولۇش بۇلتۇرقى بىر يىللىق خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىدى. ملى جىڭلىي مۇنداق تونۇشتۇردى: بىر يىلدىن بۇيان، كەنت 2800 مو يەردىكى ياغاچنىڭ سۇيىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش تۈرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، يېزا ئىگىلىك تېخنىك خادىملىرىنى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ پۈتاش، شالاڭلىتىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىشقا تەشكىللەپ، ياغاچ ئۆستۈرۈش، ئىلمىي پەرۋىش قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، پۈتۈن كەنتنىڭ ياغاچ مو بېشى كىرىمنى 150 يۈەن ئەتراپىدا ئاشۇردى.

«كېيىنكى قەدەمدە بىز سەبدەرگۈلنى ياغاچلىقتا كىرىشتۈرۈپ تېرىشنى سىناق قىلىپ، ياغاچلىقتا بۇغداي كىرىشتۈرۈپ تېرىش ئەندىزىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىمىز، بۇنىڭ بىلەن ياغاچلىقنىڭ مەھسۇلات قىممىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.» ملى جىڭلىي مۇنداق دېدى: مۆلچەرى ھېسابلىغاندا، بىر مو سەبدەرگۈلدىن 1500 يۈەن ئەتراپىدا كىرىم قىلغىلى بولىدۇ.

### ئىشقا ئورۇنلىشىش كۆلىمى تېخىمۇ كېڭەيدى  ئىشەنچ تېخىمۇ ئاشتى

يارمەھەللە كەنتىنىڭ بەختى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنىڭ ئاشقانلىقىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماي، يەنە بىر قىسىم كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارقىلىق ئىنتىلگەن تۇرمۇشقا ئېرىشكەنلىكىدىمۇ ئىپادىلەندى.

بۇ يىل، 33 ياشقا كىرگەن كەنت ئاھالىسى بۇسارىخان مەتتۇرسۇن كەنت ئاممىۋى خىزمەت پونكىتىنىڭ مەخسۇس كادىرلىقىغا تەكلىپ قىلىنىپ، كەنت كادىرلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا ياردەملەشتى.

«كەنتنىڭ خىزمەتچى خادىمى بولۇپ، يۇرتداشلارغا ياردەم بېرىپ كۆپرەك ئىش قىلىپ بېرىش مېنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئارزۇيۇم.» بۇسارىخان مۇنداق دېدى: ھازىر مېنىڭ ھەر ئايدا مۇقىم كىرىمىم بار، خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا يەنە كومپيۇتېر ئىشلىتىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ تۇرمۇشۇمنىڭ ناھايىتى مەنىلىك ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

ئائىلە شارائىتىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن بۇسارىخان داشۆدە ئوقۇش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ، ئىشلەمچىلىك قىلىپ پۇل تاپقان. يېشى كىچىك ھەم كەسپىي ماھارىتى بولمىغاچقا، ئۇ كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت تاپالمىغان. توي قىلىپ بالىلىق بولغاندىن كېيىن، بۇسارىخان زېھنىنى بالا بېقىشقا سەرپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان، ئائىلىسى ئېرىنىڭلا پۇل تېپىپ ئائىلىنى بېقىشىغا تايانغاچقا، غۇربەتچىلىكتە كۈن ئۆتكۈزگەن. كەنت كادىرلىرى ئەھۋالنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، تەربىيەلەش ۋە سىناش ئارقىلىق، ئۇنى ھازىرقى خىزمەت ئورنىغا تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلغان.

«مېنىڭ ھازىر مۇقىم خىزمىتىم بار بولۇپلا قالماي، يەنە ۋاقىت چىقىرىپ بالامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايمەن، ئېرىممۇ خاتىرجەم سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلالايدۇ» دېدى بۇسارىخان.

ئۆتكەن بىر يىلدا، يارمەھەللە كەنتى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ كۈچلۈك تۇتقۇسى قىلىپ، پۈتۈن كەنتتىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تولۇق تەكشۈردى ھەم ھەرىكەت ھالىتىدە كۆزىتىش مېخانىزمى ئورنىتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشقان خادىملارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى ئىز قوغلاپ ئىگىلىدى. كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى يەنە ئەتراپتىكى ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار بىلەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇدۇللىشىپ، كەنت ئاھالىلىرى ئۈچۈن يېڭى خىزمەت ئورنى تاپتى، بۇسارىخانغا ئوخشاش ئىشلەش ئارزۇسى بار، ئەمما ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى كەمچىل بولغان كەنت ئاھالىلىرىگە نۇقتىدىن - نۇقتىغا دەل جايىدا ياردەم بېرىپ، يۆلەپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش كۆلىمنى كېڭەيتتى.

نۆۋەتتە، يارمەھەللە كەنتىدە 625 كەنت ئاھالىسى ئىشلەمچىلىك قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتى، بۇنىڭ بىلەن ئەمگەك ئىقتىدارى بار نامرات ئاھالىلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، بۇسارىخانغا ئوخشاش زور بىر تۈركۈم كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇرۇپ، گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىش ئىشەنچى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى تېخىمۇ ئاشتى.

### مۇھىت تېخىمۇ گۈزەللەشتى  تۇرمۇش تېخىمۇ ياخشىلاندى

كەنت ئاھالىسى مەتتۇردى نۇرنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، ئەسلىدە قالايمىقان ھويلا - ئارانلار رەتلىك ھالدا تۇرمۇش رايونى، باقمىچىلىق رايونى، تېرىقچىلىق رايونىدىن ئىبارەت ئۈچ رايونغا ئايرىلغان بولۇپ، يېشىللىق بىلەن زىننەتلىنىپ، ھويلا - ئاران ئىنتايىن گۈزەل تۈسكە كىرگەندى. ئۆيىگە كىرگەندە، سافا، كىيىم ئىشكاپى قاتارلىق ئۆي جاھازلىرى رەتلىك قويۇلغانىدى، گەرچە ئۆي ئىچى بەك ئېسىل، نەپىس بېزەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن كىشىگە پاكىز، رەتلىك، ئازادە تۇيغۇ بېرەتتى.

مەتتۇردى مۇنداق دېدى: مۇشۇ يىللاردا، ئۆيىمىزنى كەينى - كەينىدىن توڭلاتقۇ، تېلېۋىزور، كىرئالغۇ قاتارلىق ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى بىلەن تولدۇردۇق، بۇگۈنكى كۈندە، يەنە مۇنچا ئورناتتۇق، سۇ چۈشۈرۈلىدىغان ھاجەتخانىمىز بار، ھازىرقى تۇرمۇشىمىز شەھەرلىكلەرنىڭكىدىن ھېچقانچە پەرقلەنمەيدۇ.

ھەر كۈنى ئېتىزدىن ئىشلەپ قايتىپ كەلگەندە، مەتتۇردى ئادىتى بويىچە ئالدى بىلەن قولىنى يۇيۇپ، كىيىمنى ئالماشتۇرۇپ ئۆزىنى پاك - پاكىز تۈزەشتۈرىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىش ئەتراپىدىكى كەنت ئاھالىلىرىگىمۇ تەسىر كۆرسەتتى، زامانىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلى يارمەھەللە كەنتىدە ئەۋج ئېلىپ ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندى.

«ئوغلۇمنىڭ قايتىپ كېلىش قېتىم سانى ئىلگىرىكىدىن كۆپەيدى!» مەتتۇردى چاقچاق قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئوغلۇم داشۆنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن شەھەردە قېلىپ خىزمەت قىلدى، ئۇ ھەر قېتىم ئۆيىگە قايتقاندا يۇرتىمىزنىڭ قىياپىتى يەنە ئۆزگىرىپتۇ، كەنت بارغانسېرى پاكىز، مۇھىت بارغانسېرى گۈزەل بولۇپ كېتىپتۇ، دەيدۇ».

ھازىر، مەتتۇردى بىلەن خوتۇنى ھويلىسىدا كۆكتات تېرىدى، كەپتەر باقتى، ھەر يىلى كەپتەر بېقىشقا تايىنىپ 6000 يۈەن تاپالايدىغان بولدى، ئىشىك ئالدىدىكى دۆكىنىنىمۇ يېڭىلاپ، بىر يىلدا 50 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ بەختى مېھىر - مۇھەببەتكە تولغان ھويلا - ئارانغا مۇجەسسەملەنگەنىدى.

ملى جىڭلىي مۇنداق دېدى: بىر يىلدىن بۇيان، يارمەھەللە كەنتىدىكى 373 ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسى ھويلا - ئارانلىرنى ئۆزگەرتىپ، «ئۈچ رايوننى ئايرىش»نى ئىشقا ئاشۇردى، 85% كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆيىدە پاكىز ھاجەتخانا بار بولدى، كەنت كادىرلىرى كەنت ئاھالىلىرىنى يېتەكلەپ بىرلىكتە ئەخلەتلەرنى تازىلاپ، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى رەتلىدى، يارمەھەللە كەنتى بېيىش بىلەن بىللە، يەنە ئۇلتۇراقلىششقا بارغانسېرى ماسلاشتى.

مانا بۇ بۈگۈنكى كۈندىكى يارمەھەللە كەنتى بولۇپ، كەنت ئاھالىلىرى بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئۆزگىچە سېھرىي كۈچىنى ئۇرغۇتتى.



ئەزا يۈ مېي:

# يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا ئاتاكىدا ئالدىغا ئۆتۈش  ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ نەتىجە يارىتىش

### ۋەكىل، ئەزالارنىڭ خىسلىتى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى ياڭ

ئۇ ئاغرىقلارغا يېقىملىق، مۇلايىم مۇئامىلە قىلىدۇ، دوختۇرلارغا خاس سەۋرچانلىقتا ۋە ئەستايىدىللىقتا ئىگە؛ ئۇ قەدەمنى تېز - تېز ئېلىپ، ئىنچىكە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدۇ، چارە - ئەقىل كۆرسىتىشنىڭ تېخىمۇ دەل جايىدا بولۇشى ئۈچۈن بىر تەكلىپ ئۈستىدە قايتا - قايتا ئويلىنىدۇ. ئۇ دەل شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك جۇڭيى دوختۇرخانىسى نەنمىن شۆبە دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرخانا باشلىقى يۈ مېي.

30 يىلغا يېقىن دوختۇرلۇق ئىستاژىغا ئىگە تېببىي خىزمەتچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش جېڭىدە، يۈ مېي ھەققانىيەت يولىدىن قايتماي، ئاتاكىدا ئالدىغا ئۆتتى. يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئۇ ئۇدا بىر ئايغا يېقىن دوختۇرخانىدا تۇرۇپ، بىر كۈنمۇ ئارام ئالمىدى. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى خىزمەتچى خادىملارغا ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان دورا قايناتىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يۈ مېي بىرىنچى ۋاقىتتا ئىش ئورنىدىكى بارلىق خادىملارنى ماسلاشتۇرۇپ، ئىسمىنا قوشۇپ ۋاقتىنى ئۇزارتىپ ئىشلەپ جۇڭيى دورىلىرىنى قايناتتى، 60 مىڭدىن ئارتۇق جۇڭيى قايناتما دورىسى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى. قىزىپ قالغانلارنى ئالدىن تەكشۈرۈش تەرتىپىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ دېزىنفېكسىيە قىلىش، ئايرىش، مۇداپىئە ئىشلىرىنى ئىشلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، تېببىي خادىملارنى كارخانىلارغا ۋاقتىدا ئەۋەتىپ سالامەتلىك تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى، دوختۇرخانا قوبۇل قىلغان جەمئىيەتنىڭ ئىئانىسىنى ياشانغانلار ساناتورىيەسى، مەھەللە، ساقچى ئىشلىرى پونكىتى قاتارلىقلارغا ھەدىيە قىلدى ... «پەقەت بىز ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلساقلا، يەڭگىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىق يوق» دېدى يۈ مېي.

ئۆتكەن بىر يىلدا، يۈ مېي مەركىزي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى ئۇيۇشتۇرغان شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە سىرتىدىكى زىيالىيلارنى تەربىيەلەش كۇرسىغا قاتناشتى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش قانات يايدۇرغان باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى مۇھاكىمە قىلىش پائالىيىتىدە، ئۇ يەنە يېڭى ھاسىلاتلارغا ئېرىشتى. «باش شۇجى شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ‹سىياسىي كېڭەشنى چۈشىنىش، كېڭەشنى بىلىش، مۇھاكىمە قىلىشقا ماھىر بولۇش› تەلىپىگە يېتىش ئۈچۈن، ئۆزىمىزنى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇرۇشىمىز كېرەك» دېدى ئۇ.

نەچچە يىلدىن بۇيانقى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش كەچۈرمىشى يۈ مېيدىن ئىبارەت بۇ «پېشقەدەم» ئەزانى ئالدىراش قىلىۋەتتى، ئۇ ئاساسىي قاتلامغا ئۈزلۈكسىز چوڭقۇر چۆكۈپ، نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق خەلقنىڭ ساداسىنى ئاڭلاپ، ئاڭدىن ئۆزىنىڭ تەپەككۇرىغا سىڭدۈرۈپ، پۇختا، سالمىقى بار تەكلىپلەرنى يېزىپ چىقتى.

2019 - يىلى، يۈ مېي قىسمەن كۆتۈنۈش ئاپپاراتلىرى، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش - كۆتۈنۈش بازىسى ۋە ئالاقىدار تارماقلارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش - كۆتۈنۈش كەسىپ ساھە ئۆلچىمى ئورنىتىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ يىل يۇقۇم ئالدىدا، يۈ مېي ئاممىۋى سەھىيە ساھەسىدىكى ئالاقىدار قانۇن - نىزام قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ ئاممىۋى سەھىيە بويىچە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش، باشقۇرۇش سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئاممىنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن «مۇداپىئە تورى»نى زىچ توقۇشنى تەۋسىيە قىلدى.

قانۇن، تۈزۈم قاتلىمىدىن مۇكەممەللەشتۈرۈپ، زوراۋانلىق قىلىپ دوختۇرلارنى زەخىملەندۈرۈش ۋەقەلىرىنىڭ يۈزبېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ يۈرەك، ئۆپكىنىڭ ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىق جىددىي قۇتقۇزۇش ماھارەت بىلىملىرىنى خەلق مائارىپىغا كىرگۈزۈپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە ھاياتلىقنى قۇتقۇزۇش بىلىملىرى ۋە ئۇسۇللىرىنى ئىگىلىتىش؛ جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇپ پاناھلىنىش سورۇنى، جىددىي تارقاقلاشتۇرۇش يولنى قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش... يۈ مېي بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە جىددىي ئويلىنىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، شەكىللەندۈرگەن تەكلىپ، تەۋسىيەلىرىنى بۇ يىللىق مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا ئېلىپ بېرىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. ««مەسئۇلىيەتچان ئەزا» بولۇش ئۈچۈن، ئايىغىمىزنى چاققان قىلىپ، كاللىمىزنى ئىشلىتىپ، چىن ھېسسىياتىمىز بىلەن ئىشلىشىمىز كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن توغرا ھەم ئېنىق كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دۆلەت ئۈچۈن ۋەزىپىنى ئادا قىلىش، خەلق ئۈچۈن مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش ۋەدىمىزنى ھەرىكىتىمىزدە ئەمەلىيلەشتۈرەلەيمىز» دېدى يۈ مېي.

# يىراقتىن داۋالاشنى تېز، ساغلام راۋاجلاندۇرۇش ئالغا سىلجىتىلدى

### تەكلىپ - تەۋسىيەلەرنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ جيۈن خەۋەر قىلىدۇ: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى داۋالاش ئاپپاراتلىرى بەس - بەستە توردا كەسپلەرنى ئېچىپ، يىراقتىن داۋالاش، توردا مەسلىھەت بېرىش، دىياگنوز قويۇش - داۋالاش، مەسلىھەت بېرىش، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش، دورا يەتكۈزۈش قاتارلىق مۇلازىمەتلەرنى ۋاقتىدا يولغا قويۇپ، ئاغرىقلارنىڭ كۈندىلىك كېسەل كۆرسىتىش ئېھتىياجىنى قاندۇردى.

مۇخبىرنىڭ ئىگىلىشىچە، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىدا، قەيسەر ئابدۇكېرىم قاتارلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ توققۇز نەپەر مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى «رايون تەۋەسىدىكى يىراقتىن داۋالاش - دىياگنوز قويۇش سىستېمىسى بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپ»نى ئوتتۇرىغا قويغان، تەكلىپتە بىرلىككە كەلگەن رايون تەۋەسىدىكى يىراقتىن دىياگنوز قويۇش سۇپىسى بەرپا قىلىپ، رايون تەۋەسىدىكى داۋالاش ئاپپاراتلىرى ئارىسىدا ئانالىز قىلىش - تەكشۈرۈش ئۇچۇرلىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئانالىز قىلىش - تەكشۈرۈش تېخنىكلىرى، ۋىراچلىرنى تەربىيەلەش، يېتىشتۈرۈش سالمىقىنى زورايتىش كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ۋەكىل قەيسەر ئابدۇكېرىم مۇنداق دېدى: رايون تەۋەسىدىكى يىراقتىن داۋالاش - دىياگنوز قويۇش سىستېمىسى بەرپا قىلغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىرقىسىم ئاساسىي قاتلام داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ «تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسى بار، لېكىن دىياگنوز قويۇش دوختۇرى كەمچىل بولۇش» مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلغىلى بولىدۇ، «تەكشۈرۈش مەشغۇلاتى ئۆلچەملىك بولماسلىق سەۋەبلىك داۋالاش - دىياگنوز قويۇشقا تەسىر يېتىش» مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. بۇ، ئالاقە تورى تېخنىكىسىغا تايىنىپ «ھەركىم ئۆز قابىلىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ھەممە نەرسە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ، «ئالاقە تورى + داۋالاش - ساغلاملىق» نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرى.

دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى قايتۇرغان جاۋابتا مۇنداق دېيىلدى: 2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 19 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندا ئۆلكە دەرىجىلىك يىراقتىن داۋالاش سۇپىسى قۇرۇلدى، مەملىكەتلىك يىراقتىن داۋالاش ھەمكارلىق تورى بارلىق ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر ۋە 1808 ناھىيەدىكى 24 مىڭدىن ئارتۇق داۋالاش ئاپپاراتىنى قاپلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە بارلىق دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيەلەر بار. 75% داۋالاش ئاپپاراتى داۋالاش بىرلەشمە گەۋدىسى ئىچىدىكى تەكشۈرۈش - ئانالىز قىلىش نەتىجىسىنى ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى، بۇنىڭ بىلەن «ئاساسىي قاتلامدا تەكشۈرۈش، دوختۇرخاندا دىياگنوز قويۇش» ئەندىزىسى ئۈنۈملۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، داۋالاش بىرلەشمە گەۋدىسىنىڭ ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش جەھەتتىكى ئاكتىپ رولى پائال جارى قىلدۇرۇلدى، يۇقىرى دەرىجىلىك داۋالاش ئاپپاراتلىرى يىراقتىن ئوقۇتۇش، خادىم ئەۋەتىش، خادىملارنى بىلىم ئاشۇرۇشقا قوبۇل قىلىش قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، ئاساسىي قاتلام داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئانالىز قىلىش - تەكشۈرۈش تېخنىكلىرى، ۋىراچلىرى قاتارلىق خادىملارغا يۈزلەنگەن تەربىيەلەش، يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى.

كېيىنكى قەدەمدە، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى «گوۋۇيۈەننىڭ ‹ئالاقە تورى + داۋالاش - ساغلاملىق› تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى پىكرى»نىڭ روھىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى جايلارنىڭ «يىراقتىن داۋالاش مۇلازىمىتىنى باشقۇرۇش بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش(سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدۇ)» ۋە داۋالاش مۇلازىمىتى ھەرىكەت پىلانىنى يەنىمۇ ياخشىلاشنىڭ تۈرلۈك تەلەپلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا يەكۈنلەپ، يىراقتىن داۋالاش مۇلازىمىتىنى يەنىمۇ ياخشى قانات يايدۇرۇشقا مەدەت بېرىدۇ، ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ.

ئىگىلىنىشچە، بۇ يىل دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى ئىلغار تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا يەكۈنلەپ، داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ يىراقتىن داۋالاش تۈزۈمى، تەكشۈرۈش - ئانالىز قىلىش نەتىجىسىنى ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، يىراقتىن داۋالاشنىڭ تېز، ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، رايون ئىچىدىكى داۋالاش بايلىقىدىن ئورتاق بەھرىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ سانى ۋە ئىقتىدارى يېتەرسىز بولۇش مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىدىكەن.